### شىنجاڭ ئاقسۇ خۇافۇ رەڭلىك توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى:

# پاكىتتا كۆز يۇمغان يولسىزلارچە جازا قوللىنىشقا قەتئىي قارشى تۇرىمىز

شىركىتىمىز خۇافۇ مودا پاي چەكلىك شىركىتى قارمىقىدىكى ئەڭ چوڭ رەڭلىك توقۇمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، 2010 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇرۇلغان. 2015 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق ۋە كىيىم ـ كېچەك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىركىتىمىز شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا بايلىقىغا تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى. 2019 ـ يىلىنىڭ يىل ئاخىرىدا 780 مىڭ ئۇرچۇقلۇق يىپ ئېگىرىش ۋە 40 مىڭ توننىلىق بوياش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان قۇرۇلۇشنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ، پۈتۈن يىلدا 97 مىڭ توننا پاختا يىپ ئىشلەپچىقىرىپ، 2 مىليارد 410 مىليون يۈەنلىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى تاماملاپ، سېتىش كىرىمىنى 1 مىليارد 822 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، يۇقىرىغا 79 مىليون 770 مىڭ يۈەن باج تاپشۇردى. نۆۋەتتە، 4462 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار (بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 88%، قوبۇل قىلىنغان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامراتلار 983 كىشى). خۇافۇ شۇ جايدىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەڭ كۆپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان مۇنەۋۋەر كارخانىغا ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن چېگرا سىرتىدىكى بەزى تەشكىلات ۋە كىشىلەر «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش»نى باھانە قىلىپ، شىركىتىمىزگە ئاساسسىز ھالدا «كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلدى» دېگەن «قالپاق»نى كىيدۈردى، بۇ، تېپىك بولغان پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ قارا چاپلاش، يامان غەرەزدە داغ تەگكۈزۈش. بۇ ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلاپ بەردى.

شىركىتىمىز باشتىن ـ ئاخىر «ئادەمنى ئاساس قىلىش، سەممىي تىجارەت قىلىش، كارخانىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت كارخانا روھىغا ئەمەل قىلىپ، «توغرا، دۇرۇس، سەممىي، ئەمەلىي، ئىشەنچلىك، ھەققانىي» بولۇشتەك پەزىلەتتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن بويىچە تىجارەت قىلىش، سەممىيلىك بىلەن تىجارەت قىلىش قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ نىزاملىرىغا رىئايە قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈپ، باج تاپشۇرۇش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق قانۇنىي مەجبۇرىيەتلەرنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، شىركەتنىڭ ئىناۋىتى ۋە تەسىر كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

شىركىتىمىز ئۆز ئىختىيارلىقىدا بولۇش پىرىنسىپى بويىچە، ئۆز ئىختىيارلىقىدا تىزىملىتىش شەكلىنى قوللىنىپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قوبۇل قىلدى، نۇقتىلىق ھالدا يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بەردى. شىركىتىمىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، ھەر ئايدا مائاشىنى ۋاقتىدا، تولۇق تارقىتىپ، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى تەمىناتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، نۆۋەتتە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىۋى ئوتتۇرىچە مائاشى 3200 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، جەمئىي 2600دىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، «بىر ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشسا، پۈتۈن ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. شىركەت يەنە ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش مۇھىتى، ئۆسۈپ يېتىلىش، ئىختىساسلىقلاردىن بولۇش، ئادەمىيەت غەمخورلۇقى، ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چوڭ ئائىلىدەك كۆيۈندى، ئاپتوموبىل ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ھەقسىز ئاپىرىپ ئەكەلدى، ۋاقىتلىق ئۆي، پەرزەنتلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قاتارلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. شىركەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى پائال قوغداپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

شىركىتىمىز ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئاز دېگەندە بىر ھەپتە تەربىيەلەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ماھارەت ئىگىلەتتى، ئۇلارغا كارخانا مەدەنىيىتى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ھەمدە ئەمگەك ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەزمۇنلارنى چۈشەندۈردى، ئۇلارنىڭ كەسپىي تەرەققىياتى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى؛ شىركەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 88%ى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بولۇپ، شىركەت ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچى تايانچلىرىنى تەربىيەلەشنى قوشۇن قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، بەلگىلىك باشقۇرۇش ئاساسى بار، ئىش ئورنىنى سۆيۈپ كەسپىنى قەدىرلەيدىغان، كەسپتە كامالەتكە يەتكەن، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى بىرقەدەر ياخشى قوللىنالايدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى گۇرۇپپا باشلىقىدىن يۇقىرى خىزمەت ئورنىغا ئورۇنلاشتۇردى، ھازىر 150تىن ئارتۇق كىشى گۇرۇپپا باشلىقى، ماھارەت ئۆگەتكۈچى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام باشقۇرۇش ئىش ئورۇنلىرىدا ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدۇ؛ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، كارخانىدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ساھە بويىچە تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، مەسىلەن، 1 ـ زاۋۇتنىڭ ئاپتوماتىك يىپ يۆگەش ئىش تەرتىپى بويىچە ماھارەت ئۆگەتكۈچى پاتىگۈل تۇرسۇن مەملىكەت بويىچە 4 ـ نۆۋەتلىك توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى شەرىپىگە ئېرىشتى، 5 ـ زاۋۇت ئالدى يىپ ئېگىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى نۇرگۈل تۇردى 2017 ـ يىللىق خۇافۇنى تەسىرلەندۈرگەن شەخس شەرىپىگە ئېرىشتى، قاتارلىقلار، كارخانىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشكە ئېرىشتى.

شىركىتىمىز ئىنچىكە تۈردە كارخانىنى كۆڭۈل قويۇپ قۇرۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىپ، كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، بۇنىڭدىكى مەقسەت كارخانا تىجارىتىنى ياخشى قىلىپ، كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كارخانىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈپ، جەمئىيەتكە جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇلتۇر 10 ـ ئايدا، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى شىركىتىمىزگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيەدە بولدى، ئەلچىلەر ۋە ۋەكىللەر شىركىتىمىزنىڭ خىزمەتچىسى ئوغلەم ھاشىم بىلەن قىزغىن پاراڭلاشتى. ئىلگىرى ئۆيدە بالا بېقىپلا ئولتۇرىدىغان بۇ چوكان پەخىرلەنگەن ھالدا كۆپچىلىككە مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن شىركەتكە كېلىپ ئىشلەۋاتقىنىمغا ئۈچ يىلدىن ئاشتى، ھازىر ھەر ئايدا 3500 يۈەن مائاش ئالىمەن، شىركەت مەن ئۈچۈن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سېتىۋالدى، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت يىل سانىمنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مائاشىم يەنە ئۆسىدۇ. جىبۇتىنىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى خادار روبىلار مۇنداق دېدى: «بۇ شىركەت ناھايىتى ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، بۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ بۇ يەردىكى خىزمىتى، تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىكەن، ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە پۈتۈنلەي ئىگە ئىكەن.» يەمەننىڭ جۇڭگودىكى ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋاكالەتچىسى ئەھمەد تۇخەيبا مۇنداق دېدى: «خۇافۇ شىركىتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئازادە، مۇقىم بولغان تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بوپتۇ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ، تەربىيەلىنىش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى ياخشى تەمىناتقا ئىگە ئىكەن».

چېگرا سىرتىدىكى بەزى تەشكىلات ۋە كىشىلەر پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» پۈتۈنلەي قىلچە ئاساسسىز گەپ ئۆيدۇرۇش! بۇ تەشكىلات ۋە كىشىلەرنىڭ بىر قاتار قىلمىشلىرىدىن شىركىتىمىز كۈچلۈك غەزەپلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ! شىركىتىمىز پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئوبرازىنى قوغدايدۇ، شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

---

(بېشى 3 ـ بەتتە)

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ياخشى خىزمەت مۇھىتى يارىتىشقا ئەھمىيەت بەردى. شىنجاڭدىكى بارلىق توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئالاقىدار ئۆلچەم، تەلەپلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پاكىز ـ رەتلىك، بىخەتەر، مۇھىت قوغدايدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كەيپىياتى ئىناق بولغان خىزمەت مۇھىتىنى ساقلىدى. كەسپىي بىخەتەرلىك تەربىيەسىنى قەرەللىك قانات يايدۇرۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر داۋالانغاندا ئالدى بىلەن داۋالىنىپ ئاندىن ھەق تۆلەيدۇ ھەم كەسپىي جەھەتتىن سالامەتلىكنى تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. كارخانىلار يەنە كېسەل بولۇپ قالغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى، قۇتقۇزۇپ ياردەم بەردى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاقتىدا، چىقىمنى كۆتۈرەلەيدىغان داۋالاش ـ قۇتقۇزۇشقا ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. مەسىلەن، بىر توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئايال خىزمەتچىسى گۈلى رەھمەتقان خىزمەتكە قاتنىشىپ ئىككىنچى يىلى شىركەت تەشكىللىگەن سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتە راك كېسىلى بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، شىركەت دەرھال ئۇنى دوختۇرخانىدا يېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى ھەم پۇل ئىئانە قىلىشنى تەشكىللىدى، ئۇنىڭ داۋالىنىش جەريانىدىكى كۆپ قىسىم داۋالىنىش خىراجىتىنى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ئۈستىگە ئالدى. دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ داۋاملىق خىزمەت قىلىش ئارزۇسىغا ئاساسەن، شىركەت ئۇنى خىزمەت يۈكى بىرقەدەر يېنىك بولغان ئادەم كۈچى بايلىقى ئىش ئورنىدا ئىشلەشكە ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي يۈكى ۋە روھىي بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە ياردەم بەردى.

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئۆز ئالدىغا قانات يايدۇرغان ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن «توقۇمىچىلىقتىكى ھەر تەرەپلىمە ماھارەتلىك خادىم»لارنى يېتىشتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدىن جەمئىي 409 نەپەر توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك تېخنىكا ماھىرى ۋە 3300 نەپەر ماھارەت يېڭى ئەسكىرى تەقدىرلىنىپ، مۇكاپاتلىنىپ، كارخانىلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆز تەرەققىيات ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق نامايان قىلىندى. مەسىلەن، ئاقسۇدىكى بىر پاختىچىلىق شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ئىشچىسى روشەنگۈل ھاشىم كارخانىنىڭ يېتىشتۈرۈشى ۋە قوللىشىدا، تەدرىجىي ھالدا تېخنىكا ماھىرىغا ئايلىنىپ، مەخسۇس تۈردىكى ماھارىتىنى پىششىق ئىگىلىدى ھەم ھۈنەر ـ سەنئەتكە قارىتا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى. ئۇ يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەت بويىچە توقۇمىچىلىق ساھەسىدىكى «ۋېيچياۋ ـ جىڭۋېي لوڭقىسى» ئىنچىكە يىپ ئېگىرىش ماشىنىسى مەشغۇلات ئىشچىلىرى كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسى تەشكىلىي كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە مۇكاپاتى، جۇڭگو پاختا توقۇمىچىلىق ساھەسى بويىچە «چوڭ ھۈنەرۋەنگە ۋارىسلىق قىلغۇچى» قاتارلىق شەرەپلەرگە ئېرىشتى.

شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئازادە تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن تەمىنلىدى. توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى بويتاق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ياتاق بىلەن تەمىنلىدى، ھەربىر ياتاقتا ئادەتتە ئىككىدىن بەشكىچە ئادەم تۇرىدۇ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تۇرالغۇ كۆلىمى 5 ـ 20 كۋادرات مېتىرغىچە بولۇپ، ياتاقنىڭ ئەسلىھەلىرى تولۇق. كۆپ ساندىكى كارخانىلار يەنە «ۋاقىتلىق ئۆي» بىلەن تەمىنلەپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىلا تەرەپ كارخانىدا خىزمەت قىلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرۇشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. ياتاق ئەتراپىغا ساتىراشخانا، تاللا بازار قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇلازىمەتلەر سەپلەندى، كارخانا زاۋۇت رايونى سىرتىدا تۇرىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ھەقسىز نۆۋەتچى ئاپتوبۇس بىلەن تەمىنلىدى. كارخانىلار مۇسۇلمانچە ئاشخانا بىلەن تەمىنلىدى، ھەر قېتىملىق يېڭى يىل، چاغان، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت قاتارلىق ئەنئەنىۋى بايراملاردا تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى. نۇرغۇن كارخانا يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى پائالىيەت مەركىزى تەسىس قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىش، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى سەپلەپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قەرەللىك ھالدا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، ماھارەت مەشغۇلاتى مۇسابىقىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكى قاتارلىق مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى شۇ تاپتا ئالاقىدار خەلقئارالىق ماركىلار، ئاپپاراتلارنىڭ شىنجاڭدىكى كارخانىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ كەسكىن مەيدانىغا توغرا قاراپ، ئۆزىنىڭ تەمىنلەش ھالقىسىدا شىنجاڭنىڭ پاختىسى ھەم ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى چىقىرىۋېتىشتەك خاتا قىلمىشنى توختىتىشنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. قىسمەن خەلقئارالىق ماركىلار ۋە ئاپپاراتلارنىڭ خاتا قىلمىشلىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت پاختا تېرىغۇچىلار ۋە توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى ئىشچىلىرىنىڭ خىزمەت قىلىش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتەك ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى. شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق رويخەتكە ئېلىنغان، قانۇن بويىچە بەلگىلىمە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت قىلىدىغان يۇقىراۋى كارخانىلار، ئۇلار جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى سادىقلىق بىلەن ئادا قىلىپ، سودا ھەرىكەت مىزانىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمگەك ھەققىگە ئېرىشىش ھوقۇقى، ئارام ئېلىش ـ دەم ئېلىش ھوقۇقى، ئەمگەك بىخەتەرلىكى ـ ساقلىق ساقلاشنى قوغداش ھوقۇقى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا پاراۋانلىقىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىگە قانۇن بويىچە كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدىكى توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىنى پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، كارخانا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، ئاتالمىش «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

بىز شۇ تاپتا خەلقئارالىق ماركىلارنىڭ جۇڭگو توقۇمىچىلىق كەسپى ساھەسىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ھۆرمەت قىلىشىنى، جۇڭگودىكى 1 مىلياردتىن ئارتۇق ئىستېمالچىنىڭ ئەركىن تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىشىنى، سودا مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇشتىن ساقلىنىشىنى، ئامېرىكا ۋە غەربتىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشىنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

شىنجاڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى جەمئىيىتى خەلقئارالىق ماركىلار، ئاپپاراتلارنىڭ شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتلىرىنى نەق مەيداندا زىيارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ بېقىشىنى، مۇستەقىل ھالدا ئالاقىدار پاكىتلارنى چۈشىنىشىنى، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنى قارشى ئالىدۇ، ئىشىنىمىزكى، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭدىن باشقا، تارباغاتاي ۋىلايىتى يەنە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى كوللېكتىپ ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش، قىزىل كىنو كۆرۈش، باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىقلارغا تەشكىللەش ئارقىلىق، باش تېمىسى گەۋدىلىك، ئالاھىدىلىكى روشەن، شەكلى كۆپ خىل بولغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسى قىزغىن دولقۇنىنى تېز قوزغىدى.

تارباغاتاي ۋىلايەتلىك تېببىي مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى مەخسۇس تېمىدىكى مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇپ، تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى؛ دۆربىلجىن ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش مەركىزى يوللىغان «پارتىيە تارىخى ھېكايىلىرىدىن 100 لېكسىيە» ئالاھىدە پروگراممىسىنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى؛ ساۋەن ناھىيەسىنىڭ شىگوبى بازىرى جىياۋزى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈرەش مۇساپىسى ھەم ئىلھامى»نى باش تېما قىلىپ، «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش» باش تېمىسىدىكى پارتىيە كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، مىكرو دېكلاماتسىيە، مىكرو پارتىيە دەرسى، مىكرو ھېكايە، مىكرو بەھىرلەش ھەم زېھىن سىناش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى ئەسلىدى.

دۆربىلجىن ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لىۇ بىن مۇنداق دېدى: «پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كۈچىنى قوبۇل قىلدۇق، بىز تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەت ۋە كۈرەش ھالىتى بىلەن، پۈتۈن ناھىيەنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋالىمىز».

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن مەزگىلىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما، تەلىپى بويىچە، ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك؛ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۇرغۇتۇشى كېرەك؛ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، جەمئىيەت مۇقىملىقى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات قاتارلىق نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتىكى سىياسىي ئىقتىدار، ئىستراتېگىيەلىك نەزەر، كەسپىي سەۋىيەنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى كەسكىن، ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، ۋەكىللەرنىڭ ئەۋزەل رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى روھىي ھالەت، تېخىمۇ كۈچلۈك ماھارەت، تېخىمۇ ئېسىل ئىستىل، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجە بىلەن، پائال تۈردە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئاممىنىڭ تومۇرىنى توغرا تۇتۇپ، ئاممىنىڭ تەلپىگە قۇلاق سېلىپ، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك، تۈگۈن بولۇشى كېرەك. ۋەكىللەر خىزمەت سۇپىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، دائىم «ئائىلە، پونكىتلارغا كىرىپ»، ۋەكىللەر ئائىلىسى، ۋەكىللەر خىزمەت ئىشخانىسى، ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش پونكىتى ئارقىلىق خەلق ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى، تۈرتكە بولۇشى كېرەك. مەسئۇلىيىتىنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، يىغىن يېپىق مەزگىلدىكى پائالىيەتلەرگە ئەستايىدىل قاتنىشىپ، قاراپ چىقىش، سۆز قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەدبىر كۆرسىتىپ، تەكلىپ ـ تەۋسىيە سۇنۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئاممىغا يېقىنلاشقان، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، ئەمەلىي ئۈنۈمى بولغان تەكلىپ ۋە تەۋسىيەلەرنى قانۇن بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىللىق»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى مۇتەللىپ روزى يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇگېيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن